# جياڭ زېمىن ياپونىيىلىك مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6-ماي تېلېگراممىسى.** دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن بۈگۈن ياپونىيە ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسى، ياپونىيە-جۇڭگو دوستلۇقى پارلامېنت ئەزالىرى ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى لىنيىلاڭ باشچىلىقىدىكى ياپونىيە-جۇڭگو دوستلۇقى پارلامېنت ئەزالىرى ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ دوستلۇق ئىشلىرى ياش ئەۋلادلارنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى ۋە چىڭ تۇرۇشىغا موھتاج. ئىككى دۆلەت سىياسەتچىلىرىنىڭ جۇڭگو-ياپونىيە دوستلۇقىنى يېتىشتۈرۈشكە بەل باغلىغان ئىرادىلىك ياش ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى ۋە ئۇلارنى تەربىيىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

جياڭ زېمىن تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: جۇڭگو-ياپونىيە قوشما باياناتى ۋە جۇڭگو-ياپونىيە تىنچلىق، دوستلۇق شەرتنامىسىنىڭ پرىنسىپى جۇڭگو- ياپونىيە مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ سىياسىي ئاساسى، جۇڭگو-ياپونىيە سىياسەتچىلىرىنىڭ جۇڭگو -ياپونىيەقوشما باياناتى ۋە جۇڭگو-ياپونىيە تىنچلىق، دوستلۇق شەرتنامىسى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر تاشلاپ، جۇڭگو-ياپونىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام، مۇقىم راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىنى، ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئورتاق تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

لىنيىلاڭ مۇنداق دېدى: ياپونىيە-جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىغا 25 يىل بولۇش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە بىز ياپونىيە - جۇڭگو قوشما باياناتىنىڭ پرىنسىپى ۋە روھىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش لۇشيەنىنى شۇنداقلا جۇڭگونىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتە ئىجابىي رول ئويىنىشىنى داۋاملىق قوللايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

### ماۋزۇ خەۋەرلەر


**چياۋشى كوتدىۋا زۇڭتۇڭى بىلەن كۆرۈشتى**

**جۇرۇڭجى كوتدىۋا زۇڭتۇڭى بىلەن كۆرۈشتى**

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى**

فرانسىيە سەنئەت، ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى پىنوتو ئەپەندى 4- ئاينىڭ 27 - كۈنى پارىژدا گەنسۇلۇق رەسسام جياڭ جىشىڭغا مەزكۇر ئىلمىي جەمئىيەت بەرگەن كۈمۈش مېدال ۋە گۇۋاھنامىنى تەقدىم قىلدى. جياڭ جىشىڭ جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان رەڭلىك بوياق رەسىمنى سىزىدۇ، بۇ، ئۇنىڭ 2- قېتىم فرانسىيەدە مۇكاپاتلىنىشى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى**



## جۇڭگو ياپونىيە پارلامېنت ئەزاسىنىڭ دياۋيۈي ئارىلىغا چىققانلىقى توغرىسىدا نارازىلىق بىلدۈردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ماي تېلېگراممىسى.** جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى بۈگۈن ياپونىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى شىسۇن جىنۋۇ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ دياۋيۈي ئارىلىغا چىققانلىقى توغرىسىدا سۆھبەت بايان قىلىپ، دياۋيۈي ئارىلى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئاراللار قەدىمدىن بۇيان جۇڭگونىڭ زېمىنى دەپ كۆرسەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: جۇڭگو تەرەپ ياپونىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى بولغان شىسۇن جىنۋۇ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ جۇڭگونىڭ زېمىنى - دياۋيۈي ئارىلىغا قانۇنسىز چىقىپ، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر دەخلى - تەرۇز يەتكۈزگەنلىك ھەرىكىتىگە قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە ئېتىراز بىلدۈرىدۇ.

شۇ كۈنى، جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى تاڭ جياشۈەن ياپونىيىنىڭ جۇڭگودىكى باش ئەلچىسىنى جىددىي چاقىرىپ كۆرۈشۈپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ شىسۇننىڭ ئارلىغا

## ياپونىيىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى شىسۇن قاتارلىقلار جۇڭگونىڭ

# لى پېڭ جۇڭگو بىلەن زامبىيىنىڭ ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقى يېڭى باسقۇچقا كىردى، دېدى

## زامبىيىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى لى پېڭ زۇڭلىنى يوقلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، لوساكا، 5- ماي تېلېگراممىسى.** زامبىيىدە رەسمىي، دوستانە زىيارەتتە بولۇۋاتقان جۇڭگو گوۋۇيۈەنىنىڭ زۇڭلىسى لى پېڭ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن بۇ يەردە مۇنداق دېدى: جۇڭگو بىلەن زامبىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد- سودا ھەمكارلىقى يېڭى باسقۇچقا، يەنى كارخانىلار ئارابارۋەرلىكتە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىق باسقۇچىغا كىردى.

لى پېڭ زامبىيە زۇڭتۇڭى چىلوبا بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن بىرلىكتە مۇخبىرلار بىلەن كۆرۈشكەندە تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى كارخانىچىلارنى زامبىيىگە كېلىپ مەبلەغ سېلىشقا، بولۇپمۇ مىس كېنى ئېچىش ۋە يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە زامبىيە كارخانا ساھەسىدىكىلەر بىلەن ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. بۇنداق ھەمكارلىق ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق، شۇنداقلا جۇڭگو بىلەن زامبىيىنىڭ ئىقتىساد- سودا ھەمكارلىقى ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىپ بېرىدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، لوساكا، 5- ماي تېلېگراممىسى.** زامبىيىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى ميياندا ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى ئانجىل بۈگۈن چۈشتىن كېيىن مېھمانخانىغا بېرىپ، زامبىيىدە رەسمىي، دوستانە زىيارەتتە بولۇۋاتقان جۇڭگو گوۋۇيۈەنىنىڭ زۇڭلىسى لى پېڭ ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى جۇلىننى يوقلىدى.

ميياندا مۇنداق دېدى: لى پېڭ زۇڭلىنىڭ زامبىيىنى ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئېلىپ بارىدىغان رەسمىي، دوستانە زىيارىتىنىڭ بىرىنچى بېكىتى قىلىپ تاللىغانلىقىدىن زامبىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى شەرەپ ھېس قىلىدۇ. ميياندا زامبىيە بىلەن جۇڭگونىڭ قېرىنداشلارچە ئەنئەنىۋى دوستلۇقى ۋە ھەمكارلىقىدىن چوڭقۇر مەمنۇن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ھەم جۇڭگونىڭ زامبىيىگە ھەر جەھەتتىن ياردەم بەرگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتتى.

## 50 - نۆۋەتلىك دۇنيا سەھىيە يىغىنى جەنۋەدە ئېچىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جەنۋە، 5 - ماي تېلېگراممىسى.** 50 - نۆۋەتلىك دۇنيا سەھىيە يىغىنى بۈگۈن جەنۋەدىكى ب د ت سارىيىدا ئېچىلدى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىغا ئەزا 191 دۆلەتتىن كەلگەن ۋەكىللەر 1997 - يىللىق دۇنيا ساغلاملىق ھالىتى دوكلاتىنى قاراپ چىقىدۇ.

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ئېلان قىلغان «كېسەل ئازابى ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ، ئىنسانىيەت ساغلاملىقىنى ئىلگىرى سۈرەيلى» سەرلەۋھىلىك بۇ دوكلاتتا دۇنيادىكىلەرنىڭ ھەمكارلىشىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ ياخشى تۇرمۇش شەكلىگە ئادەتلىنىشكە تۈرتكە بولۇشى، راك كېسىلى ۋە يۈرەك كېسىلى قاتارلىق ئىنسانىيەتنىڭ جېنىغا كۆپرەك زامىن بولۇۋاتقان سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈپ، ئىنسانىيەت ئۆمرىنى ئۇزارتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ساغلاملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشى مۇراجىئەت قىلىنغان.

بۇ قېتىمقى سەھىيە يىغىنىغا سەھىيە مىنىستىرلىكىمىزنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جاڭ ۋېنكاڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى قاتناشتى.



سۈرەتتە: موسكۋا ئىل ھالىسى ئىزمىروۋ تۇرلۇك ماللار بازىرىدىن ئۆي بېزەش ئۈچۈن جۇڭگو ياسىغان گۈللەرنى سېتىۋالماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، موسكۋا بازارلىرىدا جۇڭگو تاۋارلىرى كۆپىيىپ، يەرلىك ئاھالىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى**

# شىنجاڭ يىپىنەك سانائەت پاي چەكلىك شىركىتى

(ئۈرۈمچى شەھىرى)

# پاي چېكىگە خېرىدار چاقىرىش چۈشەندۈرۈشنامىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

ئادەتتىكى پاي: 30 مىليون

**تارقىتىش ئۇسۇلى:** پۇل ئالدىن تولۇق تاپشۇرۇلىدۇ، نىسبەت بويىچە سېتىپ بېرىلىدۇ، ئارتۇق پۇل ئامانەتكە قويۇلىدۇ.

**تارقىتىش ۋاقتى:** 1997 - يىل 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، بازارغا سالماقچى بولغان بىرژا: شاڭخەي ئاكسىيە بىرژىسى

**ئاساسلىق ساتقۇچى ئورگان:** جۈنئەن ئاكسىيە چەكلىك شىركىتى

**بازارغا سېلىشقا تونۇشتۇرغۇچى:** جۈنئەن ئاكسىيە چەكلىك شىركىتى

(بىرلىكى: يۈەن)

| | قىممىتى | تارقىتىش باھاسى | تارقىتىش خىراجىتى | توپلىنىدىغان مەبلەغ |
|---|---|---|---|---|
| ھەر پاي | 1.00 | 4.05 | 0.15 | 3.89 |
| جەمئىي | 30 , 000 , 000 | 121 , 500 , 000 | 4 , 587 , 500 | 116 , 912 , 500 |

## 1. ئىزاھاتلار

بۇ پاي چېكىگە خېرىدار چاقىرىش چۈشەندۈرۈشنامىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدىكى سۆز - ئىبارىلەردىن ئالاھىدە مەنىسى كۆرسىتىلمىگەنلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكىچە: ئاپتونوم رايون: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى كۆرسىتىدۇ؛ شىركەت مەزكۇر شىركەت ياكى تارقاتقۇچى: شىنجاڭ يىپىنەك سانائەت پاي چەكلىك شىركىتىنى كۆرسىتىدۇ؛

تەشەببۇس قىلغۇچىلار: شىنجاڭ يىپىنەك سانائەت پاي چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇشنى بىرلىكتە تەشەببۇس قىلغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ؛

مۇدىرىيەت: شىنجاڭ يىپىنەك سانائەت پاي چەكلىك شىركىتى مۇدىرىيىتىنى كۆرسىتىدۇ؛

بۇ قېتىمقى تارقىتىش: شىركىتىمىزنىڭ مەزكۇر پاي چېكىگە خېرىدار چاقىرىش چۈشەندۈرۈشنامىسىگە ئاساسەن بىر يۈەنلىك ئادەتتىكى پايدىن 3 مىليونىنى تارقىتىشنى كۆرسىتىدۇ؛ ئىچكى قىسىمدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر پېيى: ئەسلىدە نىشانلىق مەبلەغ توپلاش ئېلىپ بېرىلغاندا، شىركەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تارقىتىلغان 2 مىليون 700 مىڭ پاينى كۆرسىتىدۇ؛

### مۇھىم كۆرسەتمە

**تارقاتقۇچى مەزكۇر خېرىدار چاقىرىش چۈشەندۈرۈشنامىسىنىڭ مەزمۇنلىرىنىڭ چىنلىقى، توغرىلىقى ۋە مۇكەممەللىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ، ھۆكۈمەت ھەم دۆلەت ئاكسىيە باشقۇرغۇچى تارماقلىرىنىڭ بۇ قېتىملىقى تارقىتىش توغرىسىدا چىقارغان ھەرقانداق قارارى ئۆزىنىڭ تارقاتقۇچى تارقاتقان پاي چېكىنىڭ قىممىتى ياكى مەبلەغ سالغۇچىلار ئالىدىغان نەپكە قارىتا ماھىيەتلىك ھۆكۈم چىقارغانلىقىنى ياكى كاپالەت بەرگەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. بۇنىڭغا قارىمۇ قارشى بولغان ھەرقانداق بايانات يالغان بايان ھېسابلىنىدۇ.**

## 3. يېڭى پاي چېكىنى سېتىشقا ئالاقىدار ھەقدارلار

**1. تارقاتقۇچى**

نامى: شىنجاڭ يىپىنەك سانائەت پاي چەكلىك شىركىتى

قانۇنىي ۋەكىلى: جاۋفۇ

رويخەتكە ئالدۇرغان ئادرېسى: شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھىرى

## 8. تارقاتقۇچىنىڭ ئادۋوكاتى

نامى: شىنجاڭ تيەنياڭ ئادۋوكاتلىق ئورنى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «شەرقشاملى» يولى 8 - نومۇر يەنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىناسىنىڭ 8 - قەۋىتىدە، تېلېفون نومۇرى: 2828604 (0991)، ئالاقىلەشكۈچى: 2823766 (0991)،

بېجىرگۈچى ئادۋوكات: جىن شيەن، تيەن خەيشىڭ

8. تارقىتىش ئۇسۇلى: پۇل ئالدىن تولۇق تاپشۇرۇلىدۇ. نىسبەت بويىچە سېتىپ بېرىلىدۇ، ئارتۇق پۇل ئامانەتكە قويۇلىدۇ.

9. ھەربىر پاينىڭ قىممىتى: بىر يۈەن

10. ھەربىر پاينىڭ باھاسى 4.05 يۈەن

11. بۇ قېتىم ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پاي: 30 مىليون

12. تارقىتىلىدىغان پاينىڭ ئومۇمىي قىممىتى: 121 مىليون 500 مىڭ يۈەن

## 5. توپلانغان مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشى

شىركىتىمىز بۇ قېتىم جەمئىيەتكە خەلق پۇلى ھېسابىدا 30 مىليون ئادەتتىكى پاينى ئاشكارا تارقىتىدۇ، ھەر بىر پاينىڭ تارقىتىلىش باھاسى 4.05 يۈەن، مۇبادا بۇ قېتىمقى تارقىتىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ قالسا، تارقىتىش ھەققى چىقىرىۋېتىلگەندە، شىركەتنىڭ مۆلچەرىچە توپلىنىدىغان مەبلەغ 116 مىليون 910 مىڭ يۈەن بولىدۇ، بۇ مەبلەغ ئاساسەن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئىشلىتىلىدۇ:

1 - شىركەت قولماقنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى قۇرۇشقا 67 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالىدۇ. بۇلتۇر 1996 - يىل 6- ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ پىلان سانائەت

